## 14055 ـ ئىنساننىڭ دىنغا مۇھتاج بولۇشى

**سۇئال**

كىشلەر نىمە ئۈچۈن دىنغا مۇھتاج بولىدۇ؟كىشلەر ھاياتنى تەرتىپكە سىلىش ئۈچۈن قانۇنلا كۇپايە قىلامدۇ؟

**تەپسىلى جاۋاپ**

مەدىھيە ئاللاغا بولسۇن.

ئادەمنىڭ دىنغا بولغان ئىھتىياج ئۇنىڭ تۇرمۇشتىكى باشقا ھەرقانداق زۆرۈرىيەتلەرگە بولغان ئىھتىياجدىن چوڭدۇر ، چۈنكى ئادەم نىمىنىڭ ئاللاھنى مەمنۇن قىلدىغانلىقنى ،نىمنىڭ ئۇنى خاپا قىلدىغانلىقنى بىلىشكە موھتاج بولىدۇ.ئۇ ئۆزىنىڭ پايدا ـ مەنپەتىگە ھەركەت قىلىشقا ،ئۇنىڭغا زىيان سالدىغان نەرسىلەردىن ساقلىنىشقا مۇھتاجدۇر.مانا بۇ ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلەرغا بولغان ئادىللىغى ۋە ئۇنىڭ بەندىللىرگە يوروق بىردىغان نوردۇر.كىشلەر بولسا ئۇلارنى نىمە قىلىش –قىلماسلىقنى ئايرىپ بىردىغان قانۇنلار(شەرئەت)سىز ياشيالمايدۇ.كىشىدە ئىختىيارلىق بولغاچقا ئۇ ئۆزىگە نىمىنىڭ لازىم قىلدىغانلىقنى بىلىشى كىرەك ،پايدىلىقمۇ ياكى زىيانلىق ؟ئۇنى ياخشىلامدۇ ياكى بۇزامدۇ؟بۇ نەرسىلەرنىڭ بەزىللىرى تۇغما قابىلىيەت بىلەن بىلىندۇ،بەزىللىرى ئەقىل بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق بىلىندۇ،ۋە بەزىللىرى پەقەت ئەلچىلەرنىڭ يوليورۇقلىرى ۋە تەلىماتىدىن بىلىندۇ.(ئىسلام شەيخى ئىبنۇ تەيمىيەنىڭ ئەسىرى "تەدمىرىييە"گە (213 ،214ب)،"بەخىت ماكانىنىڭ ئاچقۇچى" 2 ج383 ب گە قاراڭ .

ئاتىزىمچى ،ماتىريالىزىمچى مەزھەپلەرنىڭ قانچىلىك تەسىرچان ۋە جەلىپ قىلارلىق بولىشتىن قەتئىنەزەر ،ۋە قانچىلىك پىكىر ئىقىمى ۋە نەزىريەرەرنىڭ بولىشىدىن قەتئىنەزەر ، شەخسىلەر ۋە جەمىئەتلەر توغرا دىنسىز ھىچ ئىش قىلالمايدۇ،ئۇلار بەدەن ۋە روھنىڭ ئىھتىياجلىرغا قاۋاپ بىرەلمەيدۇ،بىر شەخىس بۇ يوللارغا سىڭىپ كىرگەنسىرى ،جەزمەنكى ئۇ بىخەتەرلىكنى تىخمۇ تاپالمايدۇ،ئۇسسۇزلىقنى تىخمۇ قاندۇرالمايدۇ،ھىمدە توغرا دىندىن باشقا چىقىش يولى قالمايدۇ ،"ئەرنىست رەنەن"مۇنداق دەيدۇ: "بىز سۆيدىغان ھەرقانداق نەرسە يوقىلىشى مۇمكىن،ھەمدە ئەقلى تەپەككۇر ،ئىلىم پەن ۋە سانائەت مەۋجۇتلىغى ئاخىرلىششى مۇمكىن،بىراك دىننىڭ شاللىنىپ كىتىشى مۇمكىن ئەمەس،بەلكى ئۇ ئادەمنى بۇ دۇنيا ئاساسى ھاياتىدا تار يوللارغا قىستاۋاتقان ماتىريالىستىك پىكىر ئىقىملەرنىڭ ساختا ئىكەنلىكىگە ئىسپات سۆپىتىدە قالىدۇ." "ئابدۇللا دەراز"نىڭ ئەسىرى "دىن"غا قاراڭ (87 )،"مۇھەممەد فەرىد ۋەجدى" مۇنداك دەيدۇ :دىن ئىددىيىسىنىڭ يوقىلىشى مۇمكىن ئەمەس ،چۈنكى ئۇ روھنىڭ ئەڭ يۇكسەك مايىللىغى ۋە ئۇنىڭ ئەڭ ئىسىل ھىسياتى ،بۇ مايىللىق بولۇش بىلەنئادەمنى ھۆرمەتلىك قىلىدۇ ،بەلكى بۇ مايىللىق ئىشىپ بارىدۇ ھەمدە ئادەمنىڭ دىنى تەبئىتى بولسا گۈزەللىك بىلەن سەتلىكنى پەرىقلەندۈردىغان ئەقىلگە ئىرىشكۈچە ساقلىنىپ قالىدۇ،بۇ تۇغما تەبئەت ئۇنىڭ ئەقىل پاراسىتىنىڭ سەۋىيەسىگە قاراپ ئىشىپ بارىدۇ " . (مەسدە روسسابىق87 ب).

ئەگەر ئادەم پەرۋەردىگارىدىن يىراقلاشسا ،ئۇنداقتا ئۇ ئۆزىنىڭ بىلىم ۋە چۈشىنىش سەۋىيەسىگە ئاساسەن ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارىنى،ئۆزىنىڭ سۈپەتلىرىنى بىلمەسلىك دەرىجىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنى بىلمەسلىك ،نىمىنىڭ ئۆزگە پايدىلىق ياكى ناچار ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىك ،نىمىنىڭ بەختلىك ياكى نىمىنىڭ بەختسىزقىلىدىغانلىقىنى بىلمەسلىك ھەمدە ئۇنىڭ ئاسترونومىيە ،ماتىماتىكا ۋەھاكازالارغا ئوخشاش ئاساسلىق ئىلىم پەنلەننى بىلمەسلىك دەرىجىسىنى تۇنۇپ يىتىدۇ،بۇ نوقتىدا، بىلىملىك ئادەم كىبىرلىك ھاكاۋۇرلۇق ھالىتىدىن كەمتەر ۋە گەپ ئاڭلايدىغان ھالەتكە ئۆتىدۇ،ھەمدە بۇ بارلىق بىلىملىرىنىڭ كەينىدە ھەممىنى بىلىدىغان ،ھەممىگە دانا بىر زاتنىڭ بارلىقىنى ھەمدە تەبىەتنىڭ كەينىدە بىر تەڭداشسىز قۇدرەتلىك ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىنى تۇنۇپ يىتىدۇ.

بۇ ھەقىقەتەن ئىنساپلىق ئىزدەنگۈچىنى كۆرۈنمەسلەرگە ئىشىنىشكە ،بۇ توغرا دىننى ئىتراپ قىلىشقا ھەمدە ئىنسان تەبىئتى ۋە تۇغما تەبىئەتنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشوشقا ھەيدەيدۇ.ئەگەر بىر ئادەم ئۇنى قىلىشتىن مەغلۇپ بولسا ،بۇ ئۆزىنىڭ تۇغما تەبىئتىەە قارشى ماڭغان بولىدۇ ھەم گەپ قىلالمايدىغان ھايۋان دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالغان بولىدۇ.

شۇڭا بىز توۋەندىكىچە خۇلاسە چىقىرىمىز :توغرا دىن يەنى بىر "ئاللاھ"غىلا ئىشىنىش ،ئۇنىڭغا ئۇ پەرەز قىلغان ئۇسسۇل بىلەن ئىبادەت قىلىش ئاساسىدىكى دىن بولسا ھاياتنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئىلمىنتى ،ئەگەر ئادەم دۇنيالارنىڭ پەرۋەردىگارىغا ھەقىقى رەۋىشتە قۇلچىلىك قىلىشنى ،بەختكە ئىرىشىشنى ،بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيا نىڭ قاپا مۇشەققىتىدىن ۋە قاپالىرىدىن قۇتۇلۇشنى ئويلىسا ،ئۇ ئادەمنىڭ ئەقلى تەپەككۇرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن بۇ ئىنتايىن موھىمدۇر ،پەقەت مۇشۇ يول بىلەنلا ئەقىل ئۆزىنىڭ نەپسىنى قاندۇرالايدۇ،ئۇنىڭسىز ئادەم ئۆزىنىڭ ئەڭ ئالى غايىللىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ،ئۇ روھنى پاكلايدىغان ھسياتلاننى تىزگىنلەشتىكى مۇھىم ئىلمىنىت،چۈنكى دىندىكى ئەڭ ئىسىل ھسياتلار ئۇلارنىڭ نىشانىغا يەتكۈزىدىغان مۇنبەت تۇپراق ۋە تۈگىمەس بۇلاقنى تاپالايدۇ،

ئۇ ئىرادىنى كۈچەيتىش ،شۇنداقلا بىچارىلىك ،ئۈمۈتسىزلىك ئامىلنى قوشۇشقا ئەڭ چوڭ ھەركەتلەندۈرگۈچى ۋە كۈچ بىلەن تەمىنلەشتىكى ئەڭ مۇھىم ئامىلدۇر.بۇنىڭغا ئاساسەن ئەگەر ئادەم تەبىئتىدە ئجتىمائىدۇر دەيدىغان ئادەم بولسا ،بىز ئادەم تەبىئتىدە دىندادرۇر دېيشىمىز لازىم .(مەسدەررۇسسابىق98،84ب گە قاراڭ .)چۈنكى ئادەمدە ئىككى كۈچ بار يەنى :بىلىم ۋە ئىرادە كۈچىدىن ئىبارەت .ھەمدە ئۇنىڭ ئاخىرقى بەختى ئۇنىڭ ھەر ئىككىسىگە ئىرىشكەنلىكىگە باغلىق ،تولۇق بىلىم پەقەت تۆۋەندىكىلەرنى بىلىش بىلەنلا ئىرىشىلدۇ :

1ئاللاھنى يەنى ئادەمنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈگەن ،ئۇنىڭغا نېئمەتلەرنى بەرگەن ياراتقۇچىسى ۋە رىزىق بەرگۈچىسنى بىلىش.

2–ئاللاھنىڭ ئىسىم سۈپەتلىرنى ،ۋە بۇلارنىڭ بەندىللەرەە بولغان تەسىرنى بىلىش.

3–ئاللاھ بىلەن ئالاقە قىلىشنىڭ يولنى بىلىش.

4–بۇ يولنى ۋە ئۇ باشلاپ بارىدىغان كاتتا نىئمەتلەرنى بىلىشتىن توسايدىغان توسالغۇلارنى بىلىش.

5–ئۆزۈڭنى ھەقىقەتەن بىلىش ھەم روھىڭنىڭ نىمىگە موھتاجلىقنى ،ئۇنىڭغا نىمىنىڭ ياخشى ۋە نىمىنىڭ ناچار ئىكەنلىكى ،شۇنداقلا كەمچىلىك ۋە ئەتىپلىرنى بىلىش.

بۇ بەش بىلىش ئادەمنىڭ كەمچىلىكلىرىنى مۇكەممەللەشتۈردۇ.بىلىم ۋە ئىرادە كۈچنى مۇكەممەللەشتۈرۈش پەقەت ئاللاھنىڭ

بەندىللىرى ئۆستىدىكى ھەق ھوقۇقلىرغا دىققەت ئىتبارىنى بەرگەندە ھەمدە ئۇلارنى ئىخلاس بىلەن ئىجرا قىلغاندا ،ئۇنىڭغا مەھكەم يىپىشقاندىلا ۋە ئاللاھنىڭ نىئمەتلىرگە شائىت بولغاندىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ .بۇ ئىككى كۈچ پەقەت ئاللانىنىڭ ياردىمى بىلەنلا مۇكەممەللىشىدۇ،شۇڭلاشقا ئىنسان ئاللاھنىڭ ئۆزلىرنىڭ يىقىن دوسلىرنى يىتەكلەيدىغان توغرا يولغا يىتەكلىشىگە مۇھتاج."پايدىلار"18 –19ب گە قاراڭ.

بايام بىز توغرا دىنىنىڭ ئادەمنىڭ يوشۇرۇن

كۈچىگە يول كۆرسىتىدىغان ئىلاھى ياردەم ئىكەنلىگىنى بىلدوق،شۇنىڭ بىلەن بىز دىنىنىڭ يەنە بىر جەمىئەتنى قوغدايدىغان قالقان ئىكەنلىگىنى بىلىمىز ،چۈنكى ئىنسان ھاياتى پەقەت جەمىئەتنىڭ ئەزالىرى ئارىسىدا ھەمكارلىق بولغاندىلا كۈچلۈك بولىدۇ .بۇ ھەمكارلىق ئۇلار ئارىسىدىكى موناسىۋەتلەرنى تەرتىپكە سالىدىغان بىر تۈزۈم بىلەنلا ئىشقا ئاشىدۇ.ئۇلارنىڭ مەجبۇرىيەتلىرنى بەلگۈلەپ بىردىغان ،ئۇلارنىڭ ھەق ھوقوقىنى قوغدايدىغان بۇ تۈزۈم بىرسىنىڭ بۇ تۈزۈمدىن ھالقىپ كىتىشنى توسىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە رىغبەتلەندۈرىدىغان بىر خىل كۈچكە ،ئادەملەرنىڭ يۈرىكىگە ئىغىرلىق سالدىغان ،ئۇلارنىڭ چەكلىمىللىردىن ئۆتۈپ كىتىشتىن ساقلايدىغان كۈچكە مۇھتاج بولىدۇ .بۇ كۈچ زادى نىمە؟ مەن دەيمەنكى ،زىمىن يۈزىدە بۇ تۈزۈمنىڭ ھۆرمىتىنى قوغداش،قەمىئەتنىڭ ئۇيۇششى ۋە ئۇنىڭ تۈزۈمىنىڭ مۇقۇملىقنى كاپالەتكە ئۇيغۇن كىلىش ھەمدە تىنچلىق ۋە بىخەتەرلىك تەمىنلەشتە دىنىنىڭ كۈچكە باراۋەر كىلىدىغان كۈچ يوق .بۇنىڭ سەۋەبى ئىنسان باشقا بارلىق جانلىقلاردىن ئۆزنىڭ ئىختىيارى ئىش –پائالىيەتلىرى كۆرگىلى ياكى ئاڭلىغىلى بولمايدىغان يەنى ئۇنىڭ قەلبىنى تەربىيەلەيدىغان ۋە ئۇنىڭ بەدەن ئەزالىرنى يىتەكلەيدىغان دىنى ئەقىدە بىلەن باشقۇرلۇشتا پەرىقلىنىدۇ .

ئىنسان چوقۇم مەيلى ئۇ دۇرۇس بولسۇن ياكى بۇزوق بولسۇن ئۆز ئەقىدىسى بىلەن يىتەكلىنىدۇ.ئەگەر ئۇنىڭ ئەقىدىسى دۇرۇس بولسا ،باشقا بەر قانداق نەرسە ھەم دۇرۇس بولىدۇ،لىكىن ئۇ بۇزۇق بولسا،باشقا بەر قانداق نەرسە ئوخشاشلا بۇزۇق بولىدۇ. ئەقىدە ۋە ئىشىنىش ئادەمنى تەرتىپكە سالدىغان ئىككى نەرسىدۇر كۆپ ھاللاردا كۆرىۋاتقىنىمىزدەك ،ئۇلار توۋەندىكىچە ئىككى خىل بولىدۇ:

ـپەزلەت ۋە ئادەملىكنىڭ قىممىتىنى ۋە باشقا ئالىقاناپ روھلارنى ئۆزلىرنىڭ پىرىنسىپىغا زىت ئىش قىلغاندا ،گەرچە ئۇلار قىسمەن جازادىن ئەپۇ قىلۋىتىلگەن بولسىمۇ ،خىجىللىق ھىس قىلدۇردىغان مەنىۋى قىممەتلەرگە ئىشىنىش .

ـئاللاھقا ئۇنىڭ ھەمىشە كۆرۈپ تۇردىغانلىقى ۋە يۈرەكلىرىمىزدىكىنى بىلىپ تۇردىغانلىقىغا ھەمدە مەخپىيەتلىكلەر ھەمدە تىخىمۇ يۇشۇرۇن نەرسىلەرنى بىلىپ تۇردىغانلىقىغا ئىشىنىش،شەرىئەتنىڭ كۈچى ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرى، توسۇقلىرنى ئاساس قىلىدۇ،ھەمدە ئادەمنى ئاللاھنىڭ ئالدىدا تارتىنىش ھىس قىلدۇرىدۇ ،ياكى ئۇنىڭغا بولغان موھاببەت بىلەن ،ياكى ئۇنىڭدىن قورقۇپ ۋە ياكى بەر ئىككىلىسى بىلەن ،شۈبھىسىزكى ئەقىدىنىڭ بۇ تۈرى ئىككىسى ئىچىدە كۈچلىكرەكى بولۇپ ،ئىنسان قەلبىگە تەسىرى تىخىمۇ چوڭ بولىدو،ئۇ كۆڭۈل خايىشلىرنىڭ بورانلىرى ۋە ھىسيات ئۆزگۆرشلىرنى توسۇشقا تىخىمۇ ماھىردۇر ،ھەمدە ئوموم ۋە سەرخىل قەلىپلەرگە تىخىمۇ تەسىرى باردۇر.

مۇشۇ سەۋەپتىن ،دىن ئادەملەرنىڭ باراۋەرلىك ۋە ئادىللىق ئاساسىدا ئۆز ئارا مۇئامىلە قىلىشتىكى ئەڭ ياخشى كاپالەت،شۇڭا ئۇ بىر ئىجتىمائى زۆرۈرىيەت،دىنىنىڭ ئۇممەتكە بولغان موناسىۋىتى ،يۈرەكنىڭ بەدەنگە بولغان موناسىۋىتىگە ئوخشىتىش ھەيران

قالارلىق ئىش ئەمەس ،بۇ كۆنلەردە دۇنيادا نورغۇنلىغان دىنلارنىڭ بارلىغىنى بىلىمىز ،ھەمدە ھەر بىر خەلىقنىڭ يېپشىپ ماڭىدىغان دىنى بار،ئىنسان روھىنىڭ ئارزۇ ئارمانلىرنى قاندۇرىدىغان توغرا دىن قايسى؟توغرا دىنىنىڭ يولىيورۇقلىرى قانداق بولىدۇ؟دوكتور"مۇھۇممەد بىن ئابدۇللا

بىن سالىھ سەھىم"نىڭ ئەسىرى "ئىسلام ئاساسلىرى ۋە مەنبەلىرى" دىن ئېلىندى.